# مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

## — ماناس ناھىيەسى «ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش، ئىككىنى بايان قىلىش، بىردە مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتى چوڭقۇرلاشتۇردى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ليۇ ياڭ، ۋاڭ يايىڭ، لى شياۋتيەن

ماناس ناھىيەسىدىكى 81 كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى «ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش، ئىككىنى بايان قىلىش، بىردە مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئائىلىلەر بىلەن دەل جايىدا ئالاقىلىشىش، سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئالتۇن كارتىلىق مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

### ئائىلىلەر بىلەن دەل جايىدا ئالاقىلىشىش كادىرلار بىلەن ئامما ئارىسىدا قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇش كۆۋرۈكى سېلىش

ماناس ناھىيەسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» تۈزۈمىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت دەرىجىلىك تۈرلۈك قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش پائالىيىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشى ۋە ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ھۆددىگە ئېلىپ پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، پارتىيە ئەزالىرى ئاجىز كىشىلەر توپى ۋە نامرات ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشتىن ئىبارەت «ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش» مېخانىزمى ئارقىلىق، «تۆت بىر» ياردەم بېرىش - يۆلەش پائالىيىتىنى يېڭىلىق يارىتىپ قانات يايدۇردى، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئاز دېگەندە بىر قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بىلەن ئالاقىلىشىپ، ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، ھەر ئايدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم زىيارەت قىلدى، ھەر پەسىلدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە بىر قېتىم ئىللىقلىق يەتكۈزدى، ھەر يىلى ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، خاتىرجەم ياشاش، ئوقۇشنى تاماملاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاز دېگەندە بىر ئەمەلىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

ھازىرغا قەدەر، ماناس ناھىيەسىدىكى كەنت پارتىيە تەشكىلاتى بەنزىسىنىڭ 321 ئەزاسى 4200 پارتىيە ئەزاسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، پارتىيە ئەزالىرى 2376 ئائىلىلىك ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ ئالاقىلىشىپ، «كومپارتىيە ئەزاسى ئائىلىسى» ئىشىك تاختىسىدىن 3364نى يېڭىدىن ئېسىپ، 4579 ئىش ئورنىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 3802 تۈرلۈك ئىشقا ئاشكارا ۋەدە بېرىپ، 4547 ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ تولۇق قاپلىشىنى، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا جان - دىل بىلەن مۇلازىمەت قىلىش، ئاممىغا ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پارتىيە ئەزالىرىنى «يېڭى نەتىجە يارىتىش»قا رىغبەتلەندۈرۈش

«گەرچە ئۇ بىر پارچە كىچىك تاختا بولسىمۇ، ئەينەككە ئوخشاش، پارتىيە ئەزالىرىنى ھەر ۋاقىت پەرقنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، كەنتنى تەرەققىي قىلىشقا، كەنت ئاھالىلىرىنى بېيىشقا يېتەكلەشتە چارە - ئامال تېپىشقا ئەسكەرتتى. كەنتنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانسا، كەنت ئاھالىلىرى بېيىسا، ئاندىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە يۈز كېلەلەيمىز، ئاندىن پارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىمىزگە يۈز كېلەلەيمىز» دېدى ماناس ناھىيەسى بېيۇۋچا بازىرى دامىياۋ كەنتىدىكى پارتىيە ئەزاسى لى فۇروڭ.

«ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەم ئاددىي، قولاي بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەم مەسىلە نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ھەم مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇشتا چىڭ تۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، ماناس ناھىيەسى «تاختا ئېسىپ ئائىلىنى ئاشكارىلاش، ۋەدە بېرىپ مەسئۇلىيەتنى ئاشكارىلاش، كەنت ئاھالىلىرىگە ۋەدىسىنى بايان قىلىش، تەشكىلگە خىزمىتىنى بايان قىلىش» مەزمۇن قىلىنغان «ئىككىنى ئاشكارىلاش، ئىككىنى بايان قىلىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. «ئاشكارىلاش» ھالقىسىدا، ھەرقايسى كەنتلەر بىردىن ئىككىگىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋەكىلىنى تاللاپ، يىغىندا سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىدى، ھەرقايسى كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەدىسىنىڭ مەزمۇنىنى سىن شەكلىدە مۇلازىمەت زالىدىكى LED چوڭ ئېكرانى ۋە ئۈندىدار توپىدا تەكرار كۆرسەتتى.

«بايان قىلىش» ھالقىسىدا، پارتىيە ئەزالىرى يىل بېشىدىكى ۋەدىسىگە سېلىشتۇرۇپ، قىلغان ياخشى ئىشى، ئەمەلىي ئىشلىرىنى سۆزلىدى، كەنت ئاھالىلىرى باھالىدى ھەم نەق مەيداندا سوئال سورىدى. نەقلەشمىگەن تۈرلەرگە قارىتا كەنت پارتىيە تەشكىلاتى تۈزىتىش سۈرۈكنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىز قوغلاپ تۈزىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «دېگىنى بىلەن يازغىنى، قىلغىنى بىردەك بولماسلىق» خاھىشىنى تۈپتىن توسۇپ، خىزمەت نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

### ئالتۇن كارتىلىق مۇلازىمەت قىلىش ئاممىغا «ئىللىقلىق يەتكۈزگۈچى» بولۇش

ھازىر، ماناس ناھىيەسىنىڭ لەنجۇۋەن بازىرىدا پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، مۇلازىمەت ئەترىتى يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسەتتى، كۈچ قوشتى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىيىن مەسىلىسى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «سىناق سوئالى». ھەرقايسى كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرى «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، مەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن» دېگەن باش تېما ئارقىلىق، ئاممىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى.

مېھىر - شەپقەت ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇپ، ھەر كۈنى 30 پارتىيەلىك شوپۇرنى نۆۋەتچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى چىن دىلىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى؛ مېيىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى، يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلارنىڭ تۇرخۇنى، خوچاڭلىرىنى تازىلاپ بەردى؛ بازار رايونىدا مەدەنىي بولۇشقا نەسىھەت قىلىش - يېتەكلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى... بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە ئەزالىرى قىزىل جىلىتكە كىيىپ كەنت كوچىلىرىدا مېڭىپ، بىر گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلدى. كەنت ئاھالىلىرى قىيىن ئىش بولسا پارتىيە ئەزالىرىنى ئىزدىدى، كەنتتىكى قىيىن ئىشنى پارتىيە ئەزالىرى قىلدى، كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «يۆلەنچۈكى»گە ئايلىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، جەڭگىۋارلىقى، چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە 2020 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىخەتەرلىك مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن شىنجاڭدىكى تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق ھەمدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئوقۇش باشلايدۇ، مەكتەپلەردە يۇقۇم يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىنى قوغداش، مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ھازىر مائارىپ سىستېمىسىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش - ئوقۇتۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇش - ئوقۇتۇش تەرتىپىنى بەرپا قىلىپ، مەكتەپلەردە يۇقۇم يۈزبېرىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇنقى، ئوقۇش باشلانغان چاغدىكى، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاچقۇچلۇق تۈگۈننى چىڭ كۆزلەپ، بىر مەكتەپكە بىر لايىھە قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇش باشلاشتىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆرسەتمە - تەلەپلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تەييارلىق خىزمىتى، كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى قەتئىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئوقۇش باشلاش لايىھەسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ تۈزۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەشۋىق - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش مانېۋىرى تەشكىللەپ، ماسكا، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، ئىسپىرت قاتارلىق مۇداپىئە ئەشيالىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك باشقۇرۇش تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈندىلىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، تىنچ - ئامان، ئۆگىنىشلىك ئوقۇش باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئىلمىي، بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئەتراپلىق، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىسلاھاتى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئوقۇش باشلاشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ يوچۇقسىز ئۇدۇللىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، يۇقۇمنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بولغان تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام چىڭىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىلمىي تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، رېن خۇا، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ ماللارنى شۇ كۈنى ۋاگونغا قاچىلاپ، شۇ كۈنى چېتىپ توشۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، مۆلچەرلىنىشىچە، 60نەچچە سائەتتىن كېيىن تاشكەنتكە يېتىپ بارىدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۆمۈريولى مال مەنبەسىنى زاپاس ساقلاشتىن قول سېلىپ، كارخانىلار بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ھەر كۈنى خېرىدارلار بىلەن ئۇدۇللىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئامبار زاپىسى ھەم سېتىش پىلانىنى ئىگىلەپ، خېرىدارلارنىڭ توشۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالدىن پويىز تەييارلاپ، توشۇش لايىھەسىنى بېكىتتى.

2 - ئايدا خېرىدارلارنىڭ نەق مەيدانغا بېرىپ كەسىپ بېجىرەلمەسلىك ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ تۆمۈريولى كەسىپ بېجىرىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكى خېرىدارلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزۈش، توشۇش تالونى تولدۇرۇش قاتارلىق ھالقىلارنى تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. خېرىدارلار پەقەت مال توشۇش ئۇچۇرلىرىنى تەمىنلىسە ھەمدە جەزملەشتۈرسىلا، تۆمۈريول تارماقلىرى قالغان رەسمىيەتلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ، بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

3 - ئاي كىرگەندىن بۇيان، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى كارخانىلار پائال مال سېلىشنى تەشكىللىدى. شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى خىزمەتچى خادىملارنى ۋاگونغا قاچىلاش نۇقتىسىدا يېتىپ - قوپۇش، غىزالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا نەق مەيداندا ئىنكاس قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. نەق مەيداندا مەشغۇلات قىلغۇچى خادىملار ئۇدا نەچچە كۈن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ نۆۋەتچىلىك قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەسلىھەت سورىغانلارغا جاۋاب بېرىپ، توشۇش رەسمىيەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا بېجىردى.

«بىز جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تىرىشىپ 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەر كۈنى ئۈچ نۆۋەتچى پويىز قاتناش كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بۇ يىل ئىچىدە 1000دىن ئارتۇق نۆۋەتچى پويىز قاتناش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېدى نەن جۈن.

ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇشىنى تەشكىللىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەشكىللەش ئۈنۈمى ۋە قاتناش سۈرئىتىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروت تەننەرخىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى مال مەنبەسىنىڭ تېز سۈرئەتتە توپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، نۆۋەتتە قاتناش لىنىيەسى 21گە يېتىپ، 23 دۆلەت ۋە رايوننى قاپلاپ، كۆلەملەشكەن تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەلىك تارماقلار نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ جەڭ قىلىشنى شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاساسىي كارتىنىسىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

قىيىنغا تېگىش قىلىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بۇ يىل قالپىقى تاشلىنىشى بېكىتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيە، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلمىگەن 559 نامرات كەنتكە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئالدىنقى باسقۇچلۇق جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ، ھەرقايسى ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنىدىغان ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ناھىيەلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، سۈرئەتكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مۇستەھكەملەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، سۈپەتكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەسىلىلەرنى بايقىشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ھەقىقىي ياردەم بەردى. قاتتىق نازارەت قىلىش، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى قەتئىي يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش - تاماملىيالماسلىقتا، ئاچقۇچ ئادەمدە، ئاچقۇچ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىستىلىدا. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا پىشقان تەجرىبە ۋە بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە تاۋلانغان ئىقتىدارنى ياخشى ئىشلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ جەڭ مەيدانىدا ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى سىناش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئېنىق ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش، يېتىشتۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش، كادىرلارنى باھالاش، ئىشلىتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سىجىل تۈردە ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئاكتىپلىقىنى كەڭ قوزغاپ، نامراتلارنى مەخسۇس تۈر بويىچە يۆلەش، ساھەلەر بويىچە يۆلەش، جەمئىيەت يۆلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق يۆلەشتىن ئىبارەت «تۆت بىر گەۋدىلەشكەن» نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىش بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ مۇجەسسەملەش كېرەك. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ ھەمكارلىقى، ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسپلەر ئارقىلىق ئۆز ئارا تولۇقلاش، خادىملار ئۆز ئارا تۈرتكە بولۇش، تېخنىكىنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، قاراشنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، ئىستىلدا ئۆز ئارا ئۆرنەك ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامرات كەنتلەرنىڭ «بەش بىر» ھۆددىگە ئېلىش، ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش ۋە نامرات ئائىلىلەردە تۇرۇشتىن ئىبارەت «ئىككىنىڭ تولۇق قاپلىشى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ھەمكارلىشىپ نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئالدىن بېيىغانلار كېيىنكىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىش، شىمالىي شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، بىڭتۇەن يەرلىككە ياردەم بېرىش»تە چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق ياردەم بېرىش، كەسىپ ھەمكارلىقى، ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، يەنە ياخشى سۆزلەش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى يېڭى تەدبىر، يېڭى چارىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ تىپىك ئىش ئىزلىرى ۋە نامرات رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئادەم مەدەت بېرىدىغان، ھەممە ئادەم قاتنىشىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

«كۆپنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغاندىلا، جاھاندا تەڭداشسىز بولغىلى بولىدۇ.» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ھەممە ئادەم خالايدۇ، ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلگىرىلەپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا تەۋرەنمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشتا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا قەتئىي غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەي، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەي، بىر نىيەتتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ سەرخىل سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقايلى.